# ئى كىشىلەر! كىم بىر نەرسىنى بىلسە شۇنى دېسۇن، بىلمىگەن كىشى "ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ" دېسۇن، بىلمەيدىغان نەرسىگە "ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ" دېگەنلىكى ئۇنىڭ بىلگەنلىكىدۇر

مەسرۇقنىڭ مۇنداق دېدى: بىز ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ يېنىغا كىردۇق، ئۇ: ئى كىشىلەر! كىم بىر نەرسىنى بىلسە شۇنى دېسۇن، بىلمىگەن كىشى "ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ" دېسۇن، بىلمەيدىغان نەرسىنى "ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ" دېگەنلىكى ئۇنىڭ بىلگەنلىكىدۇر، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە: «ئېيتقىنكى، (ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئىفتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن» دېدى. ساد سۈرىسى 86-ئايەت

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [بۇخارى"سەھىھۇل بۇخارى"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ئىنسان ئۆزى بىلىدىغان بىر نەرسىدىن سورالسا ئۇنى يوشۇرماستىن كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشى كېرەك، ئەمما بىلمەيدىغان نەرسىدىن سورالسا، قىينالماي، "ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ" دېسۇن. بىلمىگەن نەرسىنى "ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ" دېيىش ئۇنىڭ بىلگەنلىكىدۇر، چۈنكى بىلمەيدىغان نەرسىنى "بىلمەيمەن" دېگۈچى ھەقىقەتتە بىلگۈچىدۇر، ئۇ ئۆزىنى بىلگەن ۋە ئورنىنى بىلگەن، ئۆزىنىڭ ئۇ نەرسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە "ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ" دەيدۇ. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىدە ھەدىسنىڭ تېكىستى: «سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بىلمەيدىغان نەرسىنى "ئاللاھ بىلىدۇ" دېگەنلىكى بەكرەك بىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ» دېيىلگەن، يەنى: ئۇ كىشىنىڭ بىلمەيدىغان نەرسىنى "ئاللاھ بىلىدۇ" دېيىشى ئۇ كىشىنىڭ ئىلمىنىڭ مۇكەممەل ۋە مەنپەئەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزگە ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتىنى دەلىل قىلدى: «ئېيتقىنكى، (ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى) تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ ھەق تەلەپ قىلمايمەن، مەن (قۇرئاننى) ئىپتىرا قىلغۇچىلاردىن (يەنى يالغاندىن توقۇغۇچىلاردىن) ئەمەسمەن» ساد سۈرىسى 86-ئايەت»، يەنى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھيىنى يەتكۈزگەنلىكىمگە سىلەردىن ھېچ ئەجىر تەلەپ قىلمايمەن، مەن پەقەت سىلەرنى ياخشىلىققا يېتەكلەيمەن ۋە ئاللاھنىڭ تەرىپىگە چاقىرىمەن، مەن ئىلىمسىز سۆز قىلىپ سىلەرگە قىيىنچىلىق پەيدا قىلغۇچى ئەمەسمەن. سۆزنىڭ خۇلاسىسى: ئىنسان ئۆچۈن ئۆز دائىرىسىنىڭ سىرتىدىكى نەرسىلەرگە پەتىۋا بېرىشى توغرا بولمايدۇ، ئەگەر ئاللاھ تائالا بىر كىشىنى ئىنسانلارغا پەتىۋا بېرىدىغان ۋە ئۇلارنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان يول باشچى قىلماقچى بولسا ئۇ كىشى چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، ئەگەر ئاللاھ تائالا ئۇنى مەقسەت قىلمىسا، ئۇ كىشىنىڭ پەتىۋا بېرىشكە جۈرئەت قىلىشى ھېچ نېمىنى پايدا بەرمەيدۇ، بۇ ئىش ئۇ كىشى ئۆچۈن دۇنيا-ئاخىرەتتە بالا بولىدۇ



النجـاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee